# شىنجاڭ گېزىتى

2020-يىل 6-ئاي
19
جۈمە
维吾尔文 6 月19日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25097-سان　بۈگۈن 8 بەت


# شى جىنپىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىقى يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سىن يىغىنىدا يازما سۆز قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6-ئاينىڭ 18-كۈنى تېلېگراممىسى** «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىقى يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سىن يىغىنى 6-ئاينىڭ 18-كۈنى بېيجىڭدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىندا يازما سۆز قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىم تۇيۇقسىز تارقالغان يۇقۇم ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ھايات بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كەلدى، دۇنيا ئىقتىسادىغا ئېغىر زەربە پەيدا قىلدى، بىر قىسىم دۆلەتلەر، بولۇپمۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى، جەمئىيىتى ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن،

(ئاخىرى 2-بەتتە)

### شى جىنپىڭ پۈتۈن ئارمىيەنىڭ ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇش بويىچە مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيەلىشىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# نىشان يۆنىلىشى، مەسىلە يۆنىلىشى، نەتىجە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئارمىيەمىز قۇرۇلۇشىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6-ئاينىڭ 18-كۈنى تېلېگراممىسى** مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، پۈتۈن ئارمىيەنىڭ ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇش بويىچە مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيەلىشى يېقىندا تېلېۋىزىيە يىغىنى سىستېمىسى ئارقىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۈتۈن ئارمىيەنىڭ ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇش بويىچە مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيەلىشنى ئۇيۇشتۇرۇش ناھايىتى ئەھمىيەتلىك، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەش كېرەك. نىشان يۆنىلىشى، مەسىلە يۆنىلىشى، نەتىجە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، باشقۇرۇش ئىدىيەسىنى كۈچەپ يېڭىلاپ، ئىستراتېگىيەلىك ساپانى ئۆستۈرۈپ، ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇشنىڭ تۈزۈم - مېخانىزمىنى كۈچەپ تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئارمىيەمىز قۇرۇلۇشىنىڭ «13-بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە «14-بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈشنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ھەربىي كومىتېت ئورگىنىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى چوڭ ئورۇنلار مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش نەتىجىلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، قوللىنىپ، ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئارمىيەمىز قۇرۇلۇشىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن شۈ چىلياڭ، جاڭ يۇشيا، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرىدىن ۋېي فېڭخې، لى زوچېڭ، مياۋ خۇا، جاڭ شېڭمىن مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى. ھەربىي كومىتېت ئورگىنىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى چوڭ ئورۇنلارنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاساسىي يىغىن مەيدانى ۋە شۆبە يىغىن مەيدانىدا تەربىيەلەشكە قاتناشتى.


خەلق گېزىتى ئوبزورچى ماقالىسى


## ئامېرىكا تەرەپنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز


شىنخۇا مۇلاھىزىسى


## ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشى «قوش ئۆلچەم» ئويۇنىدۇر

4-بەتتە

### مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تاشقى ئىشلار كومىتېتى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تاشقى ئىشلار كومىتېتى، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى بايانات ئېلان قىلىپ

# ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىنى كۈچلۈك ئەيىبلىدى ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى

### مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تاشقى ئىشلار كومىتېتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6-ئاينىڭ 18-كۈنى تېلېگراممىسى** مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تاشقى ئىشلار كومىتېتى 6-ئاينىڭ 18-كۈنى ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش «2020-يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىغا قارىتا باينات ئېلان قىلدى. باياناتنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

شۇ جاي ۋاقتى 6-ئاينىڭ 17-كۈنى، ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ كەسكىن سۆزلىشىشىگە قارىماي،

(ئاخىرى 2-بەتتە)

### مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تاشقى ئىشلار كومىتېتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6-ئاينىڭ 18-كۈنى تېلېگراممىسى** مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تاشقى ئىشلار كومىتېتى 6-ئاينىڭ 18-كۈنى ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش «2020-يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىغا قارىتا باينات ئېلان قىلدى. باياناتنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ كەسكىن سۆزلىشىشىگە قارىماي، ئامېرىكىنىڭ شۇ جاي ۋاقتى 6-ئاينىڭ 17-كۈنى

(ئاخىرى 2-بەتتە)

### دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6-ئاينىڭ 18-كۈنى تېلېگراممىسى** دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى 6-ئاينىڭ 18-كۈنى ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش «2020-يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىغا قارىتا باينات ئېلان قىلدى. باياناتنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ئامېرىكا تەرەپ ئاتالمىش «2020-يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالدى. بۇ ئاتالمىش قانۇن لايىھەسى

(ئاخىرى 2-بەتتە)

# ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» بىر پارچە كېرەكسىز قەغەز

☐ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

ئامېرىكا تەرەپ خەلقئارا جەمئىيەتتىكى ئاساسىي ئېقىم خەلق رايىغا پەرۋا قىلماي، جاھىللىق بىلەن ئاتالمىش «2020-يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئېغىر دەپسەندە قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. بۇنىڭغا قارىتا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما چوڭقۇر غەزەپلىنىدۇ، كۈچلۈك ئەيىبلەيدۇ، قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» بىر پارچە كېرەكسىز قەغەز، مۇقەررەر ھەققانىي كۈچلەر تەرىپىدىن ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلىۋېتىلىدۇ.

ۋاراقلىساق، باشتىن - ئاخىر بۇرمىلانغان يالغان - ياۋىداق سۆزلەر ۋە سىياسىي بىر تەرەپلىمە قاراشلار بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇ ئامېرىكا تەرەپنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى يوق قوش ئۆلچىمى ۋە ساختا، بەتبەشرە زومىگەرلىك لوگىكىسىنى ھەممىدە ھەممە جايدا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ ئارىلىشىدىغان، جاھاننىڭ مالىمان بولماسلىقىدىن ئەنسىرەيدىغان ئاتالمىش «دۇنيا ساقچىسى»لىق رەزىل قىلمىشىنى ئاشكارىلاپ بەردى.

شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا شىنجاڭ خەلقى سۆزلەشكە ئەڭ ھوقۇقلۇق. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» ئىنتايىن غالجىرلىشىپ، نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى(ۋەقەسى) پەيدا قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ پەيدا قىلىپ، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى. بۇنداق ۋاقىتتا ئامېرىكا تەرەپ ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ پەرۋا قىلمىدى، ھالبۇكى، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى مۇقىم بولغاندا ئوتتۇرىغا چىقىپ كەلسە - كەلمەس بىلجىرلىدى،

(ئاخىرى 3-بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ

# ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش «2020-يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى» توغرىسىدىكى كەسكىن باياناتى

شۇ جاي ۋاقتى 6-ئاينىڭ 17-كۈنى، ئامېرىكا تەرەپ خەلقئارا جەمئىيەتتىكى ئاساسىي ئېقىم خەلق رايىغا پەرۋا قىلماي، جاھىللىق بىلەن ئاتالمىش «2020-يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالدى. بۇ ئاتالمىش قانۇن لايىھەسى شىنجاڭدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا خالىغانچە بوھتان چاپلاپ، ئاساسسىز ئەيىبلەپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى،

(ئاخىرى 3-بەتتە)

### ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرى ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىنى كۈچلۈك ئەيىبلىدى ——

# ئامېرىكا تەرەپنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ

☐ پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرلىرىمىز

شۇ جاي ۋاقتى 6-ئاينىڭ 17-كۈنى، ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ كەسكىن سۆزلىشىشىگە قارىماي، جاھىللىق بىلەن ئاتالمىش «2020-يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالدى. بۇ شەرمەندە قانۇن لايىھەسىدە پاكىتقا كۆز يۇمۇلۇپ، ئاق - قارا ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنىپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا خالىغانچە بوھتان چاپلانغان ۋە ئاساسسىز ئەيىبلەنگەن، شىنجاڭغا ھەدەپ قارا چاپلانغان. بۇنىڭغا قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرى ئىنتايىن غەزەپلەنگەنلىكى، كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كۆپچىلىك بەس - بەستە مۇنداق بىلدۈردى: بۇ ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى» تامامەن 25 مىليون شىنجاڭ خەلقىنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇردى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش،

(ئاخىرى 4-بەتتە)

### ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

# نۇرئەلى زامانىۋى تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلدى

☐ پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز سۈي يۈنيەن

يېمەك - ئىچمەك دۇكانلىرىنى تاماق بۇيرۇتۇش سۇپىسىغا كىرىپ ماكانلىشىشقا مەدەت بېرىش، خېرىدارلارغا تاماق يەتكۈزۈپ بېرىش، كارخانىلارغا چىراي تونۇتۇپ پۇل تۆلەش تېرمىنالىنى كېڭەيتىش... ئەڭ دەسلەپكى خىجىل بولۇشتىن ھازىرقى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى تولۇپ تاشقىچە، ئالاقە تورى دەۋرىدىكى ئىگىلىك تىكلەش بوشلۇقى نۇرئەلى نۇرنى تېز ئۆسۈپ يېتىلدۈردى، 23 ياشلىق بۇ ياش زامانىۋى تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

### تاماق بۇيرۇتۇش سۇپىسىنىڭ سودىسى قىزىپ كەتتى

نۇرئەلى ئىككى قېرىندىشى بىلەن بىللە يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرىدا تاماق بۇيرۇتۇش سۇپىسى قۇردى. شىركەتنىڭ ناھىيە بازىرىنىڭ ئاۋات بۆلىكىدە ئىشخانىسى بار. 4-ئاينىڭ 28-كۈنى، مۇخبىر كېلىشۋالغىنى بويىچە ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا باردى. بېزىلىشى ئاددىي، مودا بولۇپ، بىر ئۈزۈن ئۈستەلگە چاقماق گۈللۈك داستىخان سېلىنغان، ئوتتۇرىسىغا گۈل قويۇلغان، تۆت ئەتراپىغا لىق ئورۇندۇق قويۇلغاندى. «تاماق يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئالدىراش، بوش ۋاقىتلاردا بىز بۇ يەردە يىغىن ئاچىمىز، تەربىيەلەيمىز، يەنە خىزمەتچىلەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، تورت يەيمىز، بەك قىزىپ كېتىدۇ» دېدى نۇرئەلى.

(ئاخىرى 5-بەتتە)

### مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى

# ئانارگۈلى ئۆزگىچە قىزىل ئېچىلدى

——ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى



قەشقەر قەدىمىي شەھىرىدىكى «100 يىللىق چايخانا»دا، ھەر مىللەت ساياھەتچىلەر ۋە شۇ جايدىكى چايخۇمارلار چاي ئىچكەچ ئارام ئالماقتا (5-ئاينىڭ 17-كۈنى سۈرەتكە تارتىلغان). ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جاۋ گې فوتوسى

☐ پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز مېھرىگۈل غوپۇر

تارىخ يۈگمە رەسىمنى ئاچساق، شىنجاڭ تۇپرىقىدا قويۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېسسىياتىنىڭ ئىزچىل ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدا، قۇربان تۇلۇمنىڭ ئېشەككە مىنىپ بېيجىڭغا بېرىپ رەئىس ماۋ زېدۇڭنى يوقلىماقچى بولغانلىقى تىللاردا داستان بولۇپ ۋەتەن زېمىنىدا كەڭ تارقالغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە، قۇربان نىياز، جۇاڭ شىخۇا، ھەنىپە ئالماخۇن، يۈۋ لياڭىلىك، بۇرماقان مولدۇ... مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېپلىرى ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كەيپىياتى ئىناق، قويۇق بولۇپ، تىيانشان ئوغۇل - قىزلىرى ئىتتىپاقلىشىپ قول تۇتۇشۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە ئورتاق قەدەم قويۇشتەك چوڭقۇر دوستلۇق جانلىق نامايان قىلىندى.

پارتىيە 18-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بولۇپمۇ مەركەزنىڭ 2-قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش يۈكسەكلىكىگە قويۇپ مۇلاھىزە قىلىپ ۋە پىلانلاپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى سىجىل ئىلگىرى سۈرۈپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى دائىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەشۋىقات - تەربىيە ۋە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ،

(ئاخىرى 5-بەتتە)